# ئىلىنىڭ تۇنجى دوتيىي -- تۇرداخۇنباي

ئاپتورى --- ئابدۇرسۇل سىيت

تورغا يوللىغۇچى : ئورخون ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىدىن toram ئەپەندى

«تۇرداخۇنباي» دېگەن بۇ ئىسىم ئىلى تارىخىدىكى 1930- يىلىدىن 1936- يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ زات «ئاپرىل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئىلىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان تۇنجى دوتيىي بولغان. قىسقىغىنا تۆت يىللىق ھاياتىدا ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىدىن خېلى چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. 1939- يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭدىكى ناھايىتى كۆپ مۆتىۋەرلەر، دۆلەتمەن كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنغان. ياندۇرقى يىلى شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىلىرىنىڭ بىرىدە قەتل قىلىنغان. ھالبۇكى بۇ زاتنىڭ قەبرىسىنىڭ نەدىلىكى مەلۇم بولمىغىنىدەك ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى، نەدىن كەلگەنلىكى، قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

مەن بۇ زاتنىڭ پاك روھىنى خۇش قىلىش، ئۇنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تولۇقلاپ تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم. شۇغىنىسى يىللار شامالدەك ئۆتۈپ 21- ئەسىرگە قەدەم قويغان، مەرھۇمنىڭ جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتل قىلىنغىنىغا 70 يىل بولۇپ قېلىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يورۇق ئالەمدىكى ئىش - ئىزلىرىنى ئېنىقلاش بەكلا مۈشكۈل ئىشقا ئايلانغانىدى. مەن بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن چېغىمدا تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ. مەرھۇم تۇرداخۇنباينىڭ ئىنىسى قۇربانتاي قارىمنىڭ 2- قىزى قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق 85 ياشلىق خانقىز ھەدە بىلەن دىدارلىششقا مۇيەسسەر بولدۇم. ياشانغان بولسىمۇ خاتىرىسى ئىنتايىن ياخشى، 70 يىل بۇرۇنقى ۋەقەلەرنى ئېسىدە خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ساقلىغان بۇ موماي مېنى خېلى مۇھىم تەپسىلاتلار بىلەن تەمىنلىدى. مەرھۇمنىڭ نەۋرىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق 80 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ئادالەتخان ھەدىمۇ ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ماقالەمنى يېزىش ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، غۇلجىدا ئولتۇرۇشلۇق 85 ياشلاردىكى ئوغۇزخان ھاجىم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ تۇرداخۇن ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مېنىڭ بۇ قۇتلۇق ئىشىمنى قوللاپ – قۇۋۋەتلىدى. قۇربانتاي قارىمنىڭ 3- قىزى، 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان مۇنەۋۋەر ئالماسبىكوۋانىڭ بىشكەكتىن تۇرداخۇنباي ھەققىدىكى رۇسچە ماتېرىيالنى ئېلىپ كەلگەنلىكى، مەرھۇمنىڭ دەسلەپكى ھاياتىنى بىلەلمەي



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى -----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

قايمۇقۇپ يۈرگەن مۇئەللىپنى تېخىمۇ خۇرسەن قىلدى.
ھالبۇكى، ماتېرىياللىرىم ئاساسەن ئاغزاكى سۆھبەتلەردىن ئىگەللەنگەن بولغاچقا، بەزى ۋەقەلەرنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى بىلگىلى بولمىدى. سانلىق مەلۇماتلار «تەخمىنەن» دېگەن سۆز بىلەن كۆپرەك سۈپەتلەندى، مەن مەزمۇننى ئەتراپلىقراق، چۈشىنىشلىكرەك بايان قىلىش مەقسىتىدە ماقالەمنى بىر دەۋر ئالدىغا سۈرۈپ تۇرداخۇنباينىڭ دادىسى قەشقەرلىك ئالماسبېك ھاجىنىڭ ھاياتىغا دائىر يۈزەكى مەلۇماتلاردىن باشلاشنى لايىق تاپتىم.

ئالماسبېك ھاجىم تەخمىنەن 19- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەرنىڭ قوغان دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ زاتنىڭ تۆمۈر بېك، پولاتبېك دېگەن ئانا باشقا ئاكىلىرى ھەمدە تۇردىخېنىم ئىسىملىك بىر تۇغقان سىڭلىسى بولغان. ئالماسبېك كىچىكىدىنلا ئەپچىل، زېھنى ئۆتكۈر، ئىش بىلىدىغان بالا بولۇپ يېتىشكەن. چوڭ بولۇپ، ئەر يەتكەندىن كېيىن يۇرت كۆرۈش، چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تەلەي سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىگە سەپەر قىلغان. تەغدىر - قىسمەت ئالماسبېكنى ئەينى زاماندىكى تۈركىستان رايونىنىڭ توقماق دېگەن يېرىگە ئېلىپ كەلگەن. ياش ئالماسبېك بۇ يەردە تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەقىللىقلىقى، ئەپچىللىكى، ئىش بىلەرمەنلىكى بىلەن ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن. تەخمىنەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى قىرغىز مىللىتىدىن چىققان بىر باي ئۆزىگە كاتتا قورۇ - جاي سالدۇرماقچى بولۇپ، ئىش باشقۇرغۇچىلىققا ئالماسبېكنى تەكلىپ قىلغان. ئالماسبېك باي تاپشۇرغان ۋەزىپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلىغان. ئىمارەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كۆركەم، گۈزەل قىياپەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن. باي قورۇ - جايىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولغان ۋە ئالماسبېككە قىزىنى بېرىپ ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالغان.
ئالماسبېك قىرغىز بايغا كۈيئوغۇل بولغاندىن كېيىن، توقماقتا يەرلىشىپ قالغان. تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرگەن. تەخمىنەن 1878- يىلى ئۇنىڭ تۇنجى پەرزەنتى، ماقالىمىزنىڭ باش قەھرىمانى تۇرداخۇنباي دۇنياغا كەلگەن . ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككىنچى پەرزەنتى قۇربانتاي دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئالماسبېك يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى ئوغۇل ۋە تاشخان ئىسىملىك قىز بولۇپ، ئۈچ پەرزەنتكە ئاتا بولغان.
ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئالماسبېك توقماقتا ئاتچىلىق بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغان. ئۇ يېتىشتۈرگەن بەيگە ئاتلىرى يىراق- يېقىنغا داڭق چىقارغان. ئىگىلىكى تېخىمۇ زورىيىپ توقماقتا دۆلەتمەن كىشلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئالماسبېك تەخمىنەن 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەندىن كېيىن جامائەت ئارىسىدا «ئالماسبېك ھاجىم» دېگەن نام بىلەن تېخىمۇ ئىناۋەت


ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى -----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

تاپقان.

ئەقىللىق، زېرەك ئاتىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىدە چوڭ بولغان تۇرداخۇنباي ئاتا ئىزىدىن مېڭىپ تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە چىۋەر يىگىت بولۇپ يېتىشكەن. ياش تۇرۇپلا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلغان. قېيىن ئىشلارغا يولۇقسا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان. تۇرداخۇنباي ئاتىسى ئالماسبېك ھاجىمنىڭ باشلىغان ئىشلىرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئاتچىلىق كەسپىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. ئۇنىڭ باققان يىلقىلىرىنىڭ، يېتىشتۈرگەن ئارغىماقلىرىنىڭ داڭقى يۇرت ئاتلاپ خېلى يىراقلارغىچە تارقالغان. يېقىنقى زاماندا قىرغىزىستاندا رۇس تىلىدىن نەشر قىلىنغان بىر گېزىتتىكى خارىبى لىرووۋ دېگەن كىشىنىڭ ئاپتورلىقىدا يېزىلغان بىر ماقالىدە تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنغان.

«... بىزنىڭ شەھىرىمىزدە بىر باي ئادەم ياشىغانىدى، كىشىلەر ئۇنى تۇرداخۇنباي ئالماسبېك دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ بايلىقى ھەرگىزمۇ ئاسماندىن چۈشمىگەن. ئۇ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئاتقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئات بېقىش تېخنىكىسىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى. قىسقىسى ئۇ ئات يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ يېتىشتۈرگەن بەيگە ئاتلىرى ئالتۇندىنمۇ قىممەت باھالىناتتى. كاتتا كۆرگەزمىلەردە، يەرمەنكىلەردە ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلىناتتى. بۇ ئاتلار ھەرقانداق بەيگىلەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيتتى. ياۋرۇپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى تۇرداخۇنباينىڭ ئاتلىرىغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. تۇرداخۇنباي ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان باي بولۇپ ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن، جامائەت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ئىدى... »

---

تۇرداخۇنباينىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ئېنىسى قۇربانتاي قارىم 1883- يىلى تۇغۇلغان. غۇلجىلىق ئوغۇزخان ھاجىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرداخۇنباي ئىنىسىدىن كۆپ بولغاندا بەش ياش پەرقلىنىدىكەن. شۇڭا مەرھۇم 1878- يىلى تۇغۇلغان دەپ ئېلىندى. (ئاپتوردىن)

تۇرداخۇنباينىڭ ئانىسى قىرغىز، يەنە كېلىپ ئۇ قىرغىز يېرىدە تۇغۇلۇپ قىرغىزچە سۆزلىگەچكە، بەزى مەنبەلەردە ئۇ قىرغىز دەپ ئېلىنغان. ھالبۇكى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە ئېيتقاندا ئۇ قەشقەرلىك ئۇيغۇرنىڭ ئوغلىدۇر.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، تۇرداخۇنباي ئات يېتىشتۈرۈش بىلەنلا بولۇپ قالماي، تېخنىك مەكتىپى

قۇرۇپ يەرلىكلەرنىڭ پەرزەتلىرىنى تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. 1910- يىلى توقماق شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە خېلىلا كاتتا كەسپىي تېخنىك مەكتىپى سالغان. بىر نەچچە كورپۇستىن تۈزۈلگەن بىر يېرىم قەۋەتلىك بۇ بىنالار ئەينى چاغدا شەھەرنىڭ مەشھۇر جايلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. بۇ مەكتەپ بىر نەچچە گىكتار يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ زامانىۋى ئات ئېغىللىرى، ئاتنى سەيلە قىلدۇرۇش مەيدانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تۇرداخۇنباينىڭ ئىنىسى قۇربانتاي، سىڭلىسى تاشخان ئاكىسى بىلەن بىللە ياشىغان، ئىنىسى قۇربانتاي كىچىكىدىنلا دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا بىلىدىغان قارىي بولۇپ يېتىشكەن. قىرائەتتە پۇتكۈل چۇ دالاسى بويىچە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىگەن. جامائەت ئۇنى قۇربانتاي قارىم دەپ ئاتىغان. شۇغىنىسى، بۇ كىشى ھايات چېغىدا قۇلاق ئېغىرلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ زادىلا داۋا تېپىلمىغان. ناھايەت داۋالىنىش ئۈچۈن مۇسكۋاغا بارغان. لېكىن خاتا داۋالانغانلىقتىن ھەر ئىككى قۇلىقى بىراقلا پۈتۈپ قېلىپ ئۆمۈرلۈك گاسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا غۇلجا جامائىتى قۇربانتاي قارىمنى «پاڭ قارىم» دەپمۇ ئاتىغان. ھالبۇكى، قۇربانتاي قارىمنىڭ قۇلىقىنىڭ ئاڭلىماسلىقى ئۇنى كېيىنچە ناھايىتى چوڭ بالا- قازادىن ساقلاپمۇ قالغان. بۇ ياۋاش، مۆمىن كىشى ئاكىسىدىن كېيىن يەنە خېلى يىللارغىچە ياشاپ 1954- يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۇرداخۇنباينىڭ سىڭلىسى تاشخان تولىمۇ چىرايلىق قىز بولۇپ، توقماقتا ئالدىنقى قاتاردىكى گۈزەللەردىن ھېسابلانغان. ئۇ قىز بويىغا يەتكەندىن كېيىن ھاللىق ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ۋەلىباي بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق، ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىك بولغان. تاشخان ئۆز ئائىلىسى بىلەن بىللە 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ بېشىدا غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 50- يىللارنىڭ بېشىدا بىشكەككە قايتىپ كەتكەن. 80- يىللاردا بىشكەكتە ۋاپات بولغان.

گېپىمىزگە كەلسەك، تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى توقماق شەھىرىدە تېخىمۇ روناق تاپقان. ئۇلار ھېسابسىز چارۋا - مالغا ئىگە بولغان. ئىگىلىكى تېخىمۇ گۈللەنگەن. قىسقىسى، بۇ جەمەت ئەينى زاماندىكى تۈركىستان رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتمەن كىشىلەرگە ئايلانغان.

تۇرداخۇنباي جەمەتى راسا گۈللەپ - ياشناۋاتقان چاغلاردا روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتىلىغان. ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ «ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولغان». بايلارنىڭ بارلىق مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. نۇرغۇن پۇلدار كىشىلەر، يەر، چارۋا ئىگىلىرى جازالانغان، كۆلاك قىلىنغان. ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر نىجاتلىق تىلەپ جۇڭگوغا قېچىشقا مەجبۇر بولغان. تۇرداخۇنباي


ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى -----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

جەمەتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغان.

قىرغىزىستاندا رۇس تىلىدىن نەشر قىلىنغان ھېلىقى گېزىتتە قۇربانتاي جەمەتىنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

«شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەر يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەزەربەيجان، كۇرد، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن چىققان بىگۇناھ ئادەملەر ئەيىبلەندى. ئۇلار خۇددى كەچكۈزدىكى چىققان بوران - چاپقۇندا تۆكۈلگەن يوپۇرماقلاردەك نامەلۇم تەرەپلەرگە ئۇچۇرۇپ تاشلاندى.

تۇرداخۇنباي 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى بوران - چاپقۇندىن ۋاقتىنچە ساقلىنىش ئۈچۈن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ جۇڭگوغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما ن ك ۋ د (سوۋېت ئىنتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى) خادىملىرى ئۈچۈن ئىككى دۆلەتنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا توساقلىرى ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار

تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى قۇربانتاي قاتارلىق 30 نەچچە ئادەمنى خۇددى ھايۋاننى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ سوۋېت چېگرىسى ئىچىگە قايتۇرۇپ كەلدى. يولدا ئۇلار بۆلەكچىلەرگە ئۇچراپ قالدى. بۆلەكچىلەر ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنى بۇلاپ كەتتى، ئىچ كىيىم بىلەنلا قالغان قاچقۇنلارنىڭ كۆپچىلىكى سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن كېسەل بولۇپ ئۆلدى... ».

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى مالىمانچىلىقتىن قېچىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا كەتمەكچى بولىدۇ. ئۆمرى چارۋىچىلىق بىلەن ئۆتكەن، ھەر قانداق ئىشنى پۇختا قىلىپ ئادەتلەنگەن تۇرداخۇنباي قەيەرنىڭ چارۋىچىلىق قىلىشقا قولايلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شىنجاڭ تەۋەسىگە چارلىغۇچى ئەۋەتىدۇ. چارلىغۇچى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى تەلتۆكۈس ئارىلىغاندىن كېيىن ئوتى ئەلۋەك، سۈيى مول شىمالىي شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىشقا قولايلىق ئىكەنلىكىنى تۇرداخۇنبايغا يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۇرداخۇنباي ئىنىسى قۇربانتاي قارىم ۋە ئائىلىدىكى كارغا كېلىدىغان ئەرلەر ئىلى تەۋەسىگە ئالدىن ئۆتمەكچى بولىدۇ. ئاياللار ۋە بالىلار كېيىنكى نۆۋەت بارىدىغان بولىدۇ. ئالدىن ماڭغان ئەرلەر جۇڭگو تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىدا دېيىلگەن قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار شۇ قېتىمقى ۋەقەدىن بەكلا قورقۇپ كەتكەنىمۇ ياكى ن ك ۋ د خادىملىرى ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغانىمۇ بۇنىسى نامەلۇم. تۇرداخۇنباي بۇ ۋەقەنى تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھېچكىمگە تىنمايدۇ.

ئارىدىن ئاز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئائىلىدە قالغان ئاياللار ۋە بالىلار ئەسلىدىكى پىلان بويىچە



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى -----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

قورغاس چېگرىسىدىن يوشۇرۇن ئۆتمەكچى بولۇپ يولغا چىقىدۇ. لېكىن، چېگرىدىن ئۆتۈش جەريانىدا ئۇلارمۇ پېشكەللىككە يولۇقىدۇ. تۇرداخۇنباينىڭ ئىنىسى قۇربانتاي قارىمنىڭ چوڭ قىزى تۇرسۇنئاي ھايات ۋاقتىدا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن:

«كۆزگە نوقۇسا كۆرۈنمىگۈدەك قاراڭغۇ كېچە، مەخسۇس ياللانغان ئەتكەسچىلەرنىڭ يولباشچىسى بىلەن خىلۋەت چىغىر يوللارنى بېسىپ چېگرا تەرەپكە كېتىۋاتىمىز. ھەر بىرىمىز بىردىن ئاتقا مىنگەن، باللارنى چوڭلار مىنگەشتۈرۈۋالغان. چىغراق تىۋىش چىقىرىشمۇ قورقۇنچلۇق. چېگرا قاراۋۇللىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق نېمە بولىدىغانلىقىمىز ئۆزىمىزگە ئايان. يۈرەكزادىلىك بىلەن مېڭىپ چېگراغا يېقىنلاپمۇ قالدۇق. يىراقتىن زاستاۋىينىڭ چىراقلىرى پىلىلداپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئېھتىمال بىرەر سائەتكە قالماي جۇڭگو زېمىنىدا بولۇشىمىز مۇمكىن. دەل شۇ چاغدا چاڭىلداپ ئوقلار ئېتىلىپ «پاستوي! پاستوي!» (توختا! توختا) دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئېسىمىزنى يىغىپ بولغۇچە بىر توپ قوراللىق چېگراچىلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدۇق».

ئەسلىدە تۇرداخۇنباينىڭ ئائىلە تاۋاباتى چېگرادىن يوشۇرۇن ئۆتمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە كىمدۇر بىرى ن ك ۋ د غا مەلۇمات يەتكۈزگەن، نەتىجىدە چېگراچىلارمۇ بۇ بىر توپ كىشىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن بۇرۇنلا خەۋەردار بولغانىكەن. چېگراچىلار ئۇلارنى ھەيدەپ ئاپىرىپ زاستاۋاغا قاماپ قويىدۇ، زاستاۋنىڭ مارچىنكو ئىسىملىك ناچالنىكى قاچقۇنلار ئىچىدە رۇس تىلىنى بىلىدىغان تۇرسۇنئايىنى سوراق قىلىپ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، تۇرسۇنئاي ئۆزىنىڭ سالاھىتىنى يوشۇرۇپ ئىقرار قىلمايدۇ. لېكىن قاچقۇنلارنىڭ سالاھىتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىدىن ئالدىنئالا خەۋەردار بولغان مارچىنكو تۇرسۇنئاينىڭ ئالدىغا ئۇلارغا ئالاقىدار پاكىتلارنى بىرمۇ بىر قويىدۇ. تۇرسۇنئاي نۇرغۇن پاكىتلار ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ سالاھىتىنى ۋە چېگرادىن ئۆتۈش مەقسىتىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چېگراچىلار قاچقۇنلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ھەممە نەرسىسىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى زاستاۋا تۈرمىسىگە قامايدۇ. لېكىن تۇرداخۇنباينىڭ بالا - چاقىسىنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان يەركەنتلىك بايلار چېگراچىلارغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ ئۇلارنى كېپىللىككە ئېلىپ چىقىدۇ. يېنىدا سۇنۇق ياماقمۇ قالمىغان قاچقۇنلار يەركەنت شەھىرىدە ئىككى ئايغا يېقىن نان يېقىپ، سېتىپ كۈن كەچۈرىدۇ. شۇ كۈنلەردە سوۋېت چېگرىسى ئىچىدىن جۇڭگو تەۋەسىگە ئامان - ئىسەن قايتىپ كەلگەن تۇرداخۇنباي چېگرىدا ھەمىشەم قاتنايدىغان ئەتكەسچىلەرگە يۇقىرى ھەق تۆلەپ ئاياللار ۋە باللارنى جۇڭگو تەۋەسىگە ئۆتكۈزىۋالىدۇ. تۇرداخۇنباي جەمەتى مىڭبىر جاپالاردا غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلىشىدۇ. مال - چارۋىلىرىنى تىكلەپ يايلاقلارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. تۇرداخۇنباي غۇلجا شەھىرىدىكى مۆتىۋەرلەر، بايلار، دىنىي زاتلار بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ. جامائەتكە ئارىلىشىش جەريانىدا بارا -

بارا ئىناۋەت تىكلەيدۇ.

تۇرداخۇنباينىڭ ئېلىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋاقتى شىنجاڭغا جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ۋەزىيەتتە زور داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ. قۇمۇلدىن باشلانغان سىياسى بوران - چاپقۇن پۈتكۈل شىنجاڭنى قاپلايدۇ. تۇشمۇ-تۇشتىن پارتىلىغان ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلار جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. ھاكىمىيەت ئۈستىگە پۇرسەتپەرەس شىڭ شىسەي چىقىدۇ. ئۇ ھوقۇق ئىگىلەش بىلەن تەڭ مالىمانچىلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىن ما جۇڭيىڭ، ئۈرۈمچىدىن ياڭ زىڭخۈي، ئىلى تەرەپتىن جاڭ پېييۈەن، شىڭ شىسەيگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىلىنىڭ دۇتۇڭى، گارنىزۇن قوماندانى جاڭ پېييۈەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش نىيىتىدە ئىلى خەلقىگە غايەت زور زۇلۇم سېلىشقا باشلايدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئىلى خەلقى جاڭ پېييۈەنگە ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلماقچى بولىدۇ. نەسىھەت قىلغۇچىلار قاتارىدا تۇرداخۇنبايمۇ بولىدۇ. ئىلى مۆتىۋەرلىرىدىن 40 نەچچە كىشى ھاكىمبەگ خوجا باشچىلىقىدا ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كۈرەگە كېلىدۇ. ئۇلار ھەر قانچە نەسىھەت قىلىپمۇ جاڭ پېييۈەننى نىيىتىدىن ياندۇرالمايدۇ.

بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ قوشۇنى غۇلجىغا كېلىپ ئەلنى تاران- تاراج قىلىشقا باشلايدۇ. مەرتىۋىلىك، دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تىنتىپ، مال - مۈلكىنى بۇلايدۇ. تۇرداخۇنباي سوۋېت كونسۇلىدىكى يېقىن تونۇشلىرىنىڭ ياردىمىدە كونسۇلخانىغا كىرىپ پاناھلىنىدۇ. ما جۇڭيىڭ چېرىكلىرى تۇرداخۇنباينى تاپالمايدۇ. ئۇلار تۇرداخۇنباينىڭ قورۇسىغا بېسىپ كىرىپ: «باي قېنى؟» دەپ سورىغاندا، تۇرداخۇنباينىڭ ئايالى رىسالەتخان: «بىلمەيمەن، ئۆيگە كەلمىگىلى نەچچە كۈن بولدى» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. تۇرداخۇنباينى تاپالمىغان چېرىكلەر ئېغىلدىكى نەسىللىك ئاتلارنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ.

ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىدۇ. ھەممە يەرنى ئۇرۇش ئوتى قاپلايدۇ. جاڭ پېييۈەن قوشۇن باشلاپ شىڭ شىسەيگە قارشى ئاتلانماقچى بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ئىلتىماسى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى چېگرىدىن كىرىدۇ. جاڭ پېييۈەن قورقۇپ قاچىدۇ ھەمدە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مازار يېزىسىدا جىنىدىن جۇدا بولىدۇ.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن يالغاندىن تەرەققىياتپەرۋەر بولىۋېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياش قەستىدە بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ھەر قايسى مىللەتلەرگە ئۇيۇشما قۇرۇپ بېرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى ئۆستۈرىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ «شاپائىتى» دىن



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى -----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

تۇرداخۇنبايمۇ بەھرىمەن بولىدۇ. يەنى ئۇ مۇۋەققەت دوتەيلىككە تەيىنلىنىپ ئىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولغا ئالغانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

«دوتەي»» (道台) مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىي دەرىجىلىك مەمۇرىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ۋەزىپە نامى. بۇ ۋەزىپە ئىلىدا 1912- يىلى تەسىس قىلىنغان. «ئاپرىل ئۆزگىرىشىگە قەدەر ئىلىدا بۇ ۋەزىپىگە پۈتۈنلەي خەنزۇلار تەيىنلەنگەن. تۇرداخۇنباينىڭ دوتەيلىككە تەيىنلىنىشى ئىلى تارىخىدا بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ.

«ئاپرىل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن ئىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي ھوقۇقىنى شىڭ شىسەينىڭ قېينئاتىسى، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھېراۋۇلى، ئىلى گارنىزۇننىڭ گېنرال لېيتېنانت دەرىجىلىك قوماندانى چىيۇ زۇڭجۈن ئېگىلىۋالىدۇ. تۇرداخۇنباي مەمۇرىي جەھەتتىن چىيۇ زۇڭجۈن بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن ئەپيۇنكەش، پارىخور چىيۇ زۇڭجۈن تۇرداخۇنباينى ھەمىشە چەتكە قاقىدۇ، مەنسىتمەيدۇ. تۆرلۈك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. تۇرداخۇنباي ئەنە شۇنداق زور بېسىم ئاستىدىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ ئىلىنىڭ تۆرلۈك ساھەدىكى ئىشلىرىغا مۇئەييەن تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەيدەكچىلىكى نەتىجىسىدە 1935- يىلى ئىلى مىللەتلەر كۇلۇبى (كېيىنكى «ئۇ ق ت كۇلۇبى») سېلىنىدۇ. 1936- يىلى نوۋيىگوردىنىڭ ساي بويى ئالدىدىكى دوقمۇشىغا كۆلىمى 25 مىڭ كوۋادرات مېتىر كېلىدىغان مىللەتلەر گىمنازىيىسى سېلىنىدۇ. 16 سىنىپلىق، لاباراتورىيە، قىرائەتخانا ۋە ئىشخانىلارغا ئىگە بۇ مەكتەپ شۇ يىلىدىن ئېتىبارەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئىلىنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشىدۇ. شۇ يىلى يەنە غۇلجا شەھرىدە ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە ئالتە قەۋەتلىك ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇپ خەلقنىڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى ۋە تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن نۇرغۇن قولايلىقلار يارىتىلىدۇ. يۇقىرىقى قۇرۇلۇشلار گەرچە كۆپچىلىكتىن ئىئانە توپلاش، ئۆشرە - زاكات يىغىش ئارقىلىق ئۆرە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنى دوتەي تۇرداخۇنباينىڭ تەشكىللىشى ۋە قىسمەن مەبلەغ چىقىرىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، تۇرداخۇنباينىڭ يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۆي - ماكانسىزلارنى ئۆيلۈك قىلىش، نامراتلىق تۈپەيلى ئۆيلىنەلمىگەنلەرنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇ يەنە ھەر يىلى ھېيت - ئايەمدە غۇلجىدىكى يوقسۇز كىشىلەرنى ئالاھىدە يوقلاپ ئۇلارغا تۆرلۈك لازىمەتلىكلەرنى تارقىتىپ بېرىدۇ. قۇربان ھېيت كېلىشتىن بۇرۇن تاغدىن قوي ھەيدەپ كېلىپ ئۇلارنى قۇربانلىق قوي بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ.

ھالبۇكى، تۇرداخۇنباي ئىلىنىڭ دوتەيلىك ھوقۇقىنى ئاران تۆت يىل تۇتۇپ تۇرالايدۇ. 1937- يىلى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى مۆتىۋەرلەر، بايلار، دۆلەتمەن كىشىلەر ئۈچۈن ئاپەتلىك بىر يىل بولىدۇ.

ھاكىمىيىتى ئۈچۈن تەھدىت ھېسابلانغان كىشىلەرنى قىرىپ تاشلاش، بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئۆزىگە بايلىق توپلاشنى مەقسەت قىلغان شىلىك شىسەي كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشنى يولغا قويۇپ، نۇرغۇن مىللەت كىشىلىرىنى تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجىغا چېتىشلىق بولغان «1- قېتىملىق توپىلاڭ قوزغاش دىلۇسى» نى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. بۇ مۇدھىش قۇيۇندىن تۇرداخۇنبايمۇ چەتتە قالمايدۇ. ئۇ شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 18- كۈنى يىغىنغا چاقىرىش نامى بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا نامى تىلغا ئېلىنغان 85 ياشلىق خانقىز موماي شۇ يىلقى قاباھەتلىك كۈنلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئەسلەيدۇ:

«ھەر يىلقى ئادىتىمىز بويىچە شۇ يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا يايلاقلارغا چىقىپ كەتتۇق. چوڭ دادام (تۇرداخۇنباي) ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شەھەردە قالدى. ئاۋغۇستتا چوڭ دادامدىن ھەممىڭلار شەھەرگە قايتىڭلار، دېگەن خەۋەر چىقتى. شەھەرگە قايتىپ كەلسەك، ئۆيدە قالغانلار توي تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. ئەسلىدە ئۈرۈمچىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوغلى كەلگەنىكەن. ئۇ كىشى ھاكىمبەگ غوجامنىڭ قىزى گۆھەر بانۇمنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. چوڭ دادام ھاكىمبەگ غوجامنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە بارسا ئۇ كىشى ئۇنىماپتۇ. كونسۇل، چىيۇ سىلىڭلار نەسىھەت قىلىپ ئاران ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. ئاز كۈن ئۆتمەي كاتتا توي بولدى. ئوغۇل تەرەپنىڭ تويى بىزنىڭ قورۇدا (تۇرداخۇنباينىڭ تېرەكمازاردىكى قورۇسىدا)، قىز تەرەپنىڭ تويى ھاكىمبەگ غوجامنىڭ قورۇسىدا ئۆتكۈزۈلدى. توي كۈنى چوڭ دادامنىڭ شىركەيىپ بولىۋېلىپ دوخوۋوي مۇزىكا چېلىۋاتقان مۇزىكانتلارغا قول شىلتىپ بۇيرۇق بېرىپ يۈرگىنى ئېسىمدە. تويدىن كېيىن بىرەر ئايمۇ ئۆتمىدىغۇ دەيمەن، بىر كۈنى چوڭ دادام يىغىنغا بارىمەن دەپ پىكاپىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى. نۇرغۇن قوراللىق ئەسكەر كېلىپ ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ نۇرتاي ئاكامنىمۇ (تۇرداخۇنباينىڭ چوڭ ئوغلى) تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن چوڭ دادام بىلەن نۇرتاي ئاكامنى ئىككىنچىلەپ كۆرمىدۇق. شۇ قېتىم داداممۇ (قۇربانتاي قارىم) قولغا ئېلىنغان. لېكىن باش ساقچىدا ئۈچ ئاي قامالغاندىن كېيىن، قۇلىقى ئاڭلىمايدىكەن، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوقكەن، دەپ قويىۋېتىپتىكەن».

ئوغۇزخان ھاجىم شۇ قېتىمقى ۋەقەنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بەردى:

«بۇ ۋەقەدىن تولۇق خەۋىرىم بار، «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن ھەر يىلى غۇلجا شەھىرىدە «18- سېنتەبىر ۋەقەسى» نى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. شۇ يىلقى «18- سېنتەبىر ۋەقەسى» نى خاتىرىلەش پائالىيىتى غۇلجا شەھىرىدىكى «شەڭگەنباغ» دا ئۆتكۈزۈلگەن. ھېيلىگەر شىڭ شىسەي يىغىنغا چاقىرىش، زىياپەت بېرىش نامى بىلەن ئادەم تۇتقاچقا، تۇرداخۇنباي قاتارلىقلارنى ئاشۇ پائالىيەتكە چاقىرىپ قولغا ئالغان.» تۇرداخۇنباينىڭ جۇڭگو زىمىنىدىكى بىردىنبىر



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى -----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

نەۋرىسى، ئۈرۈمچى شەھرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئادالەتخان ھەدە بوۋىسىنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىنى تېخىمۇ مۇپەسسەل بايان قىلدى:

«بوۋامنى تۇتۇپ كەتكەندە مەن سەككىز ياشتا ئىدىم. شۇ كۈنى بوۋام شەنگەنباغدىكى يىغىنغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپتۇ. يىغىندىن كېيىن شوپۇرى ئالمىبەككە بېغىرەڭ پىكاپنى ھەيدىتىپ قايتىپتۇ. پىكاپ سىلىڭبۇنىڭ (ھازىرقى ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ) ئالدىغا كەلگەندە نۇرغۇن قوراللىق ئەسكەر پىكاپنى قورشىۋېلىپ، بوۋامنى سىلىڭبۇنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. قىرغىز شوپۇر ئالمىبەك ئۆيگە شۇنداق دەپ كەلگەن. شۇ كېچىسى تۈنەك بولغاچقا نۇرتاي ئاكام ئۇنىغا يىقىن ئاغىنىسىنى چاقىرىپ تۈنەك قىلغان. ئەل ياتقۇ مەزگىلدە قورۇغا قوراللىق ئەسكەر تۇشۇپ كەتتى. ئۇلار نۇرتاي ئاكامنى تۇتۇپ كەتتى. نۇرتاي ئاكامنىڭ ئاغىنىلىرىنى بىر ئېغىز ئۆيگە قاماپ چىقارماي قويدى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە بىر ھەپتىدەك سولىنىپ ئاندىن ئۆيگە قايتقاندى»...

---

خانقىز موماينىڭ بۇ گەپلىرى «ئانا يۇرت» رومانى بىرىنچى كىتاب 209-211- بەتلەردىكى تەپسىلاتلارغا ئوخشايدۇ.

شەڭگەنباغ غۇلجا ئۈچ دەرۋازا كوچىدا يەنى بۈرۈنقى يازلىق «قىزىلىيۇلتۇز» كىنوخانىسىنىڭ يېنىدا ئىدى.

شىك شىسەينىڭ ھېلىگەر ئىشپىيونلىرى نۇرتاينى قولغا ئېلىشتا تېخىمۇ قۇۋلۇق ئىشلەتكەن. نۇرتاي ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاش ئات مۇتەخەسسى بولۇپ، ئادەتتە سورتلۇق ئاتلارنى گەزلەش (ئۆلچەش)، باھالاش، ئۆتكۈزىۋېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. شۇ كۈنى كەچتە بىر چېرىك قورۇغا يۈگۈرۈپ كىرگەن پېتى: «بايۋەچچە، ھەربىي ئاتلار كېلىپ قالدى، سىلىڭبۇدىكىلەر سىزنى گەزلەپ بەرسۇن دەيدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن. نۇرتاي بۇ گەپكە ئىشىنىپ ئات گەزلەيدىغان مىترىنى ئالغان ۋە كالاسكىغا ئولتۇرۇپ سىلىڭبۇغا كەتكەن.

تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇتقۇن قىلىنىپ كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىن بۇلاڭچىلىق باشلانغان. چېرىكلەر پۇلغا يارايدىغان ھەر قانداق نەرسىنى بۇلاپ ماڭغان. ئۆيدىكى نەرسىلەر تۈگىگەندىن كېيىن نۆۋەت ئېغىلدىكى نەسىللىك ئارغىماقلارغا كەلگەن. چېرىكلەرنىڭ قوپاللىقىدىن ھۈركىگەن ئاتلار يۇقىرىغا چاپچىپ ماڭماي تۇرۇۋالغان. بىر چېرىك ئاتنى مىلتىق پاينىكى بىلەن ئۇرغان. تۇرداخۇنباينىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئەخمەت: «بىز قەنت بېرىپ ئارزۇلاپ باققان ئاتلارنى پاينەك بىلەن



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى -----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئۇراتتىڭمۇ!» دەپ چىرىك بىلەن تاكاللاشقان. ئىككىسى بوغۇشۇپ كەتكەن. ئەخمەت چىرىكنىڭ چوققىسىدىكى بىر تۇتام چېچىنى يۇلىۋالغان. نەتىجىدە چاتاقنىڭ چوڭى چىققان. غەزەپلەنگەن چىرىكلەر ئەخمەتنى راسا كالتەكلىگەندىن كېيىن، پۇت - قوللىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئەخمەتمۇ دادىسى ۋە ئاكىسىغا ئوخشاش ئىز-دېرەكسىز يوقالغان.

تۇرداخۇنباينىڭ تەشكەنتتە ئوقۇۋاتقان كەنجى ئوغلى ياقۇپبەگمۇ بالا - قازادىن ئامان قالمىغان. ئەينى چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى تونۇپ يەتمىگەن سوۋىت ھۆكىمتى ياقۇپبەگنى ئوقۇشتىن توختىتىپ، «خائىننىڭ بالىسى» دەپ چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇنىڭ خوتۇن – بالىسىنى ئەكىتىشكىمۇ رۇخسەت قىلمىغان. ياقۇپبەگ ئايالى سارا (قازاق، ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرى) ۋە گۆدەك ئوغلى مۇراتتىن ئايرىلىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

روسىيە ۋە جۇڭگو زېمىنىدا نۇرغۇن كاتتا ئىشلارنى قىلىپ داڭق چىقارغان، ئىلىنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى 8- قېتىملىق دوتىيى، شۇنداقلا تۇنجى ئۇيغۇر دوتىيى تۇرداخۇنباي ئالماسبېك ھاجىنىڭ ئوغلىنىڭ ئەركىنلىكتىكى كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ. قولغا ئېلىنىپ بىر يىل كېيىنكى مەلۇم بىر كېچىسى خوجىنياز باشلىق 108 مەھبۇس بىلەن بىللە قەتل قىلىنغىنىدىن باشقا، ئۇنىڭ شىڭ شىسەي تۈرمىلىرىدە قانداق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى، كىمدۇر بىرەيلەن تۇرداخۇنباي ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ كامىر پەنجىرىسىگە يېپىشقىنىچە «سۇ، سۇ» دەپ نالە قىلىۋاتقانلىقى يېزىلغان قايسىبىر تارىخ ماتېرىيالىنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن ئۇ كىتابنى تاپقىلى بولمىدى.

ئاتالاشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ھاجىياقۇپ دېگەن كىشى بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل بۇرۇن: «مەن شىڭ شىسەي دەۋرىدە تۇرداخۇنباينىڭ ئوغلى نۇرتاي بىلەن بىر كامىردا ياتقان. نۇرتاي تۈرمىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. بىز بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭ ئېڭەكنى چاتقان» دېگەن. بۇ گەپكە قارىغاندا نۇرتاي دادىسى بىلەن بىللە قەتل قىلىنماي يەنە بىر مەزگىل ياشىغان بولۇشى ئېھتىمال.

دېمەك، مەرھۇملىرنىڭ تۈرمە ھاياتىدىن بىزگە مەلۇم مۇشۇ ئىككى تەپسىلاتلا قالغان.

20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىنىڭ بېشىدا تۇرداخۇنباينىڭ سىڭلىسى تاشخان ۋە كەنجى ئوغۇل ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىگە كېلىپ مەرھۇملارنىڭ قەبرىسىنى ئىزلىگەن، لېكىن تاپالمىغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ پېنسىيۇنىرى )

مەنبە --- ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى 2007 - يىلى سانىدىن .

**تۈگىدى**

بايانات : ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكىتاپنىڭ ئەسلى ماترىيالىنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى توردىكى ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ ! بۇ ئېلكىتاپلار پەقەت ئىشتىن سىرتقى قىزىقىقۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇچۇنلا ئىشلىتىشكە بۇلىدۇ ، ئۇنىڭدىن سىرت سودا ئىشلىرى ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر باشقا ساھەلەردە قانۇنسىز ئىشلىتىپ بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول !!! ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!! ئەگەر ئاپتۇرلۇق ھوقۇقۇمغا دەخلى يەتتى دېگۈچىلەر بولسا بىۋاستە ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بىلەن ئالاقىلاشسا بۇلىدۇ . ئېلكىتاپلار توردا تەمىنلەشتىن توختىتىلىدۇ !!!!!

ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ئېلكىتاپلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق پىكىر-تەكلىپلىرىڭىز بولسا ، ئۇيغۇر ئوغلى ---- ھەۋەسكار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بۇلىدۇ .

2008 -يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنى

شەندۈڭ---جىنەن



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى -----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com